# ھۆكۈمەت خىزمىتىدىن دوكلات

(بېشى 1 ـ بەتتە)

—— مۇقىملىقنىڭ پايدىسى سىجىل قويۇپ بېرىلدى. شىنجاڭنى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىش، شىنجاڭنى ئىتتىپاق، مۇقىم قىلىش، شىنجاڭنى ئۇزاقىچە گۈللەندۈرۈشتە چىڭ تۇرۇپ، دىققەتنى باش نىشانغا مەركەزلەشتۈرۈپ، بىرىكمە مۇشتنى ياخشى ئېتىپ، ئۇنىۋېرسال تەدبىر قوللىنىپ، ھادىسىدىنمۇ، ماھىيەتتىنمۇ تۈزەپ، ئىجتىمائىي ئومۇمىي ۋەزىيەتنىڭ سىجىل مۇقىملىقىنى ساقلاپ، ئىسلاھات ـ تەرەققىياتقا ياخشى مۇھىت ھازىرلىدۇق. مۇقىملىقنىڭ پايدىسى تولۇق قويۇپ بېرىلىپ، ئىقتىسادىي ـ ئىجتىمائىي تەرەققىياتنى كۈچلۈك ئىلگىرى سۈردى، بولۇپمۇ ساياھەتچىلىكتە تېز ئېشىش ھالىتى ساقلاپ قېلىندى، ئاپتونوم رايون بويىچە كۈتۈۋېلىنغان چېگرا ئىچى ـ سىرتىدىن كەلگەن ساياھەتچى تۇنجى قېتىم 200 مىليون ئادەم قېتىمدىن ئېشىپ، 209 مىليون ئادەم قېتىمغا يېتىپ، ساياھەت كىرىمى 345 مىليارد 265 مىليون يۈەنگە يېتىپ، ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا 41.6% ۋە 40.4% ئاشتى.

—— ئىقتىسادنىڭ تەرەققىياتى مۇقىملىق ئاساسىدا ئىلگىرى سۈرۈلدى. مۆلچەرىمىزچە، پۈتۈن بىر يىلدا رايون ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتى 1 تىرىليون 378 مىليارد يۈەن بولۇپ، ئوخشاش مەزگىلدىكىدىن 6% ئەتراپىدا ئاشتى، تۇراقلىق مۈلۈك سېلىنمىسىنىڭ ئېشىش سۈرئىتى ئالدىنقى يىلدىكىدىن 27.2 پىرسەنت پوئېنت يۇقىرىلىدى، كەڭ كۆلەمدە باج كېمەيتىلگەن، ھەق تۆۋەنلىتىلگەن ئەھۋالدا، ئادەتتىكى ئاممىۋى خامچوت كىرىمى 157 مىليارد 730 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 3% ئاشتى، ئىجتىمائىي ئىستېمال بۇيۇملىرىنىڭ پارچە سېتىلىش ئومۇمىي سوممىسى 6% ئەتراپىدا ئاشتى، ئىمپورت ـ ئېكسپورت ئومۇمىي سوممىسى 30% ئەتراپىدا ئاشتى، پۈتۈن جەمئىيەتنىڭ توك ئىشلىتىش مىقدارى، تۆمۈريول يۈك توشۇش مىقدارى ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا 7% ۋە 22.1% ئاشتى، شەھەر ـ بازارلاردا تىزىملانغان ئىشسىزلىق نىسبىتى 3.5% بولدى، ئاھالە ئىستېمال باھاسىنىڭ ئۆرلىشى 3% ئىچىدە تىزگىنلەندى، ئىقتىسادنىڭ يۈرۈشۈشى مۇۋاپىق ئارىلىقتا بولدى.

—— كەسىپ قۇرۇلمىسى ئۈزلۈكسىز ئەلالاشتۇرۇلدى. ئاشلىق، پاختا، چارۋىچىلىق، باغۋەنچىلىك ۋەكىللىكىدىكى ئۆزگىچە يېزا ئىگىلىكى ئەلا سۈپەتلىك تەرەققىياتقا يۈزلەندى. سانائەت ئىقتىسادى مۇقىملىق ئاساسىدا ياخشىلىنىشقا يۈزلەندى، يېڭى ھەرىكەت ئېنېرگىيەسى ئۈزلۈكسىز قوزغىتىلدى، گۈللىنىۋاتقان ئىستراتېگىيەلىك كەسىپلەر، يۇقىرى ـ يېڭى تېخنىكىلىق ياسىمىچىلىقنىڭ قوشۇلما قىممىتى ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا 8.4% ۋە 11.4% ئېشىپ، ئادەتتىكى سانائەتنىڭكىدىن كۆرۈنەرلىك يۇقىرى بولدى. ئېلېكترونلۇق سودا، سودا ئەشيا ئوبوروتى مۇھىم نۇقتا قىلىنغان زامانىۋى مۇلازىمەتچىلىك تېز تەرەققىي قىلدى، 3 ـ كەسىپنىڭ ئىقتىسادقا قوشقان تۆھپە نىسبىتى 63.3% كە يەتتى.

—— ئۈچ چوڭ ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىش جېڭىدە مۇھىم ئىلگىرىلەش قولغا كەلتۈرۈلدى. 2019 ـ يىلى ھەر دەرىجىلىك ھۆكۈمەتلەرنىڭ بەلگىلىمىگە خىلاپ قەرزى بولماسلىقنى ئىشقا ئاشۇرۇپ، يوشۇرۇن قەرزنى تۈگىتىش ۋەزىپىسىنى ئومۇميۈزلۈك تاماملىدۇق. پۇل مۇئامىلىسىدە سىستېما خاراكتېرلىك خەۋپ ـ خەتەرنىڭ يۈز بېرىشىدىن ئۈنۈملۈك ساقلاندۇق. نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشتا ھەل قىلغۇچ ئىلگىرىلەشنى قولغا كەلتۈردۇق، مۆلچەرىمىزچە، 645 مىڭ ئاھالىنى نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇردۇق، 976 كەنتنى نامراتلىقتىن چىكىندۈردۇق، 12 ناھىيەنىڭ نامراتلىق قالپىقىنى ئېلىپ تاشلىدۇق، نامراتلىق يۈز بېرىش نىسبىتى ئالدىنقى يىلدىكى 6.1% تىن 1.2% كە چۈشتى. ئېكولوگىيەلىك مۇھىت سۈپىتى ئۈزلۈكسىز ياخشىلاندى، نۇقتىلىق شەھەرلەرنىڭ ھاۋا سۈپىتى ئەلا بولغان ئوتتۇرىچە كۈن سانى نىسبىتى ئوخشاش مەزگىلدىكىدىن 1.5 پىرسەنت پوئېنت ئاشتى، دەريا ـ ئېقىنلارنىڭ ئەلا سۇ سۈپىتى نىسبىتى ئوخشاش مەزگىلدىكىدىن 1.2 پىرسەنت پوئېنت ئاشتى، كۆل، سۇ ئامبارلىرىنىڭ ناچار V تۈردىكى سۇ نىسبىتى ئوخشاش مەزگىلدىكىدىن 3.2 پىرسەنت پوئېنت ئازايدى، ئېنېرگىيە سەرپىياتى ۋە ئاساسلىق بۇلغىما قويۇپ بېرىش مىقدارى سىجىل تۆۋەنلىدى.

—— ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش تېخىمۇ چوڭقۇرلاشتۇرۇلدى. مەركەز ئورۇنلاشتۇرغان ئىسلاھات ۋەزىپىسى ئومۇميۈزلۈك ئەمەلىيلەشتۈرۈلدى، ئاپتونوم رايون ئورۇنلاشتۇرغان ئىسلاھات خىزمىتى پۇختا ئىلگىرى سۈرۈلدى، تەمىنات تەرەپلىك قۇرۇلمىلىق ئىسلاھات، دۆلەت مۈلكى ـ دۆلەت كارخانىلىرى، يېزا ئىگىلىكى ـ يېزا، «بېرىش، باشقۇرۇش، مۇلازىمەت قىلىش» قاتارلىق نۇقتىلىق ساھە ۋە ئاچقۇچلۇق ھالقىلاردىكى ئىسلاھاتتا يېڭى ئىلگىرىلەشلەر قولغا كەلتۈرۈلدى. يىپەك يولى ئىقتىساد بەلبېغى يادرولۇق رايون قۇرۇلۇشىنى چوڭقۇر ئالغا سىلجىتىپ، سودا، مەبلەغ سېلىشنىڭ قولايلىشىش دەرىجىسىنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈردۇق.

—— تىجارەت ـ سودا مۇھىتى ئۈزلۈكسىز ياخشىلاندى. كەڭ كۆلەمدە باج كېمەيتىپ، ھەق تۆۋەنلىتىپ، بازار سۇبيېكتلىرى ئۈچۈن 26 مىليارد 290 مىليون يۈەن باج ـ ھەقنى كېمەيتتۇق ۋە كەچۈرۈم قىلدۇق، بازار سۇبيېكتلىرىنىڭ ھاياتىي كۈچى ۋە ئىجادىي كۈچىنى يەنىمۇ ئۇرغۇتتۇق. پۈتۈن ئاپتونوم رايون بويىچە سېلىنما تۈرلىرىدە ئەمەلىيلەشكەن مەبلەغ 11.3% ئاشتى، ئەلئارا سېلىنمىنىڭ ئېشىش سۈرئىتى 38 پىرسەنت پوئېنت ئېشىپ، تۇراقلىق مۈلۈك سېلىنمىسىدىكى سالمىقى 36.2% نى ئىگىلىدى، ئومۇمىي مۈلۈكچىلىكتىن باشقا ئىگىلىكنىڭ قوشۇلما قىممىتى 6.3% ئاشتى، كۆلەمدىن يۇقىرى ئوتتۇراھال كارخانىلار، كىچىك ـ مىكرو كارخانىلارنىڭ تىجارەت كىرىمى ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا 14.3% ۋە 10.7% ئاشتى، پۈتۈن ئاپتونوم رايوندىكى تۈرلۈك بازار سۇبيېكتلىرىنىڭ ئومۇمىي سانى 1 مىليون 863 مىڭغا يېتىپ، 26% ئاشتى.

—— خەلق تۇرمۇشى سىجىل ياخشىلاندى. مالىيە خامچوتىنىڭ 70% تىن كۆپرەكىنى خەلق تۇرمۇشىنى كاپالەتلەندۈرۈش ۋە ياخشىلاشقا ئىشلىتىشتە چىڭ تۇردۇق، مۆلچەرىمىزچە، شەھەر ـ بازارلاردا 480 مىڭ كىشى يېڭىدىن ئىشقا ئورۇنلاشتى، يېزىلاردىكى ئېشىنچا ئەمگەك كۈچلىرىدىن 2 مىليون 860 مىڭ ئادەم قېتىم يۆتكەپ ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇلدى، 4 مىليون 194 مىڭ 600 ئادەم شەخس تاپاۋەت بېجىدىن چىقىرىۋېتىلىدىغان خىراجەتنى ۋە باج نىسبىتىنى تەڭشەش سىياسىتىدىن بەھرىمەن بولدى، 866 مىڭ 900 ئادەم شەخس تاپاۋەت بېجىدا مەخسۇس قوشۇمچىسىنى چىقىرىۋېتىش سىياسىتىدىن بەھرىمەن بولدى، شەھەر ـ يېزا ئاھالىسىنىڭ ئىلكىدىكى ئوتتۇرىچە كىرىم ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا 5.5% ئەتراپىدا، 9% ئەتراپىدا ئاشتى، ھەر مىللەت ئاممىسىنىڭ ئېرىشىش تۇيغۇسى، بەخت تۇيغۇسى، بىخەتەرلىك تۇيغۇسى ئۈزلۈكسىز كۈچەيدى!

بىر يىلدىن بۇيان، بىز ئاساسلىقى تۆۋەندىكى خىزمەتلەرنى ئىشلىدۇق:

**1) ئىجتىمائىي ئومۇمىي ۋەزىيەتنىڭ سىجىل مۇقىملىقىنى كۈچەپ ساقلىدۇق**

پارتىيە، ھۆكۈمەت، ئارمىيە، ساقچى، بىڭتۈەن، خەلق ماسلىشىپ بىرلىكتە ھەرىكەتلىنىشتە چىڭ تۇرۇپ، زوراۋانلىق، تېررورلۇق جىنايى ھەرىكەتلىرىگە قەتئىي زەربە بېرىپ، تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش، ئەسەبىيلىكنى تۈگىتىش خىزمىتىنى قانۇن بويىچە قانات يايدۇردۇق. قارا، رەزىل كۈچلەرنى يوقىتىش مەخسۇس كۈرىشىنى چوڭقۇر قانات يايدۇرۇپ، جەمئىيەت مۇھىتىنى ساپلاشتۇردۇق. جەمئىيەت باشقۇرۇشتا ئۈزلۈكسىز يېڭىلىق يارىتىپ، ئاساسىي قاتلامنى تۈزەشنى كۈچەيتتۇق. «ئەلرايىنى بىلىش، ئەلگە نەپ يەتكۈزۈش، ئەلنى مايىل قىلىش» بويىچە كەنتتە تۇرۇش خىزمىتىنى سىجىل، چوڭقۇر قانات يايدۇرۇپ، ئاممىۋى خىزمەتنى پۇختا ياخشى ئىشلەپ، يېڭى دەۋردىكى شىنجاڭنىڭ «فېڭچياۋ تەجرىبىسى»نى شەكىللەندۈردۇق. پۈتۈن شىنجاڭدا يۇقىرى ـ تۆۋەننىڭ ئورتاق تىرىشچانلىقى ئارقىسىدا، ئىجتىمائىي ئومۇمىي ۋەزىيەت سىجىل مۇقىم بولدى، ئۇدا ئۈچ يىل زوراۋانلىق، تېررورلۇق دېلوسى يۈز بەرمىدى، تۈرلۈك دېلولارنىڭ يۈز بېرىش نىسبىتى سىجىل تۆۋەنلىدى، ھەر مىللەت ئاممىنىڭ بىخەتەرلىك تۇيغۇسى كۆرۈنەرلىك ئېشىپ، ئىجتىمائىي مۇقىملىق ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىككە بولغان ئىشەنچى كۆرۈنەرلىك كۈچەيدى.

**2) ئىقتىسادنىڭ پۇختا، ساغلام تەرەققىياتىغا پۈتۈن كۈچ بىلەن تۈرتكە بولدۇق**

يېزا ئىگىلىكىدە سۈپەتنى ئۆستۈرۈش، ئۈنۈمنى ئاشۇرۇشقا تۈرتكە بولدۇق. ئاشلىقنى مۇقىملاشتۇرۇش، كېۋەز سورتىنى ئەلالاشتۇرۇش، چارۋىچىلىقنى ئىلگىرى سۈرۈش، باغۋەنچىلىكنى كۈچەيتىش، ئۆزگىچە كەسىپلەرنى گۈللەندۈرۈشنى سىجىل ئالغا سىلجىتىپ، يېزا ئىگىلىكىنىڭ تەمىنات تەرەپلىك قۇرۇلمىلىق ئىسلاھاتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، يېزا ئىگىلىكىنى كەسىپلەشتۈرۈش قەدىمىنى تېزلىتىپ، يېزا ئىقتىسادىنىڭ پۇختا تەرەققىياتىنى ئالغا سىلجىتتۇق. ئاشلىق ئومۇمىي ھوسۇلى 15 مىليون 270 مىڭ توننا بولۇپ، رايون ئىچىدە تەڭپۇڭ بولۇش، بىرئاز ئېشىنچا بولۇش ئىشقا ئاشتى؛ پاختا ئومۇمىي ھوسۇلى 5 مىليون 2000 توننا بولۇپ، پۈتۈن مەملىكەت بويىچە ئىگىلىگەن نىسبىتى 84.9% كە يەتتى؛ چارۋىچىلىقنىڭ تەرەققىيات سۈپىتىمۇ، ئۈنۈمىمۇ ئاشتى، ئافرىقا چوشقا ۋاباسى يۇقۇمى ئۈنۈملۈك تىزگىنلەندى، كالا ـ قوي، توخۇ، ئۆردەك، غاز، توشقان قاتارلىق باقمىچىلىق ساغلام تەرەققىي قىلدى، مۆلچەرىمىزچە، پۈتۈن يىلدا گۆش ئومۇمىي مەھسۇلات مىقدارى 1 مىليون 589 مىڭ 100 توننا بولۇپ، 2.2% ئاشتى؛ باغۋەنچىلىكنىڭ سۈپىتىنى ئۆستۈرۈش، ئۈنۈمىنى ئاشۇرۇش كۆرۈنەرلىك بولدى، مۆلچەرىمىزچە، باغۋەنچىلىك ئومۇمىي ھوسۇلى 7 مىليون 865 مىڭ توننا بولۇپ، 2.3% ئاشتى. رايونلارنىڭ ئۆزگىچە يېزا ئىگىلىك تەرەققىياتىدا يېڭى يارقىن نۇقتا بارلىققا كەلدى، يېزا ئىگىلىكنى كەسىپلەشتۈرۈشنىڭ تۈرتكىسى ئۈزلۈكسىز كۈچەيدى. يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرى بازىرىنى ئېچىش ئۈنۈمى كۆرۈنەرلىك بولدى، جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ باغۋەنچىلىك مەھسۇلاتلىرى تۇنجى قېتىم تۈركۈملەپ دۆلەت دەرۋازىسىدىن چىقىپ، چەت ئەللەرگە سېتىلدى. شىنجاڭنىڭ ئۆزگىچە يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنى شىنجاڭ ئىچى ـ سىرتىدا ساتىدىغان «ئىككى تور» قۇرۇلۇشى ۋە «يۈزلەپ شەھەر، مىڭلاپ دۇكان» قۇرۇلۇشى تېز ئالغا سىلجىتىلدى، شىنجاڭ سىرتىدا مەھەللە بىۋاستە سېتىش دۇكىنى، سودا سارايى تاللا بازىرى مەخسۇس پوكەيىدىن 3140ى قۇرۇلدى، باغۋەنچىلىك مەھسۇلاتلىرىنى بازارنى قوغداش ئاساسىدا سېتىۋېلىش سىياسىتى ئۈنۈملۈك يولغا قويۇلۇپ، ئىشلەپچىقىرىش ـ سېتىشنىڭ جىپسىلىشىشى راۋان بولدى. يۇقىرى ئۈنۈملۈك سۇ تېجەپ سۇغىرىش كۆلىمىدىن 2 مىليون 270 مىڭ مو يېڭىدىن كۆپەيدى. يېزا ئىگىلىكنىڭ جابدۇق سەۋىيەسى ۋە ماشىنىلاشتۇرۇش سەۋىيەسى يەنىمۇ ئۆسۈپ، زامانىۋى يېزا ئىگىلىكنىڭ سىجىل تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولدى.

سانائەتنىڭ تىپىنى ئۆزگەرتىپ دەرىجىسىنى ئۆستۈرۈشكە تۈرتكە بولدۇق. نۇقتىلىق كەسىپ، نۇقتىلىق ساھەلەردە خېرىدار چاقىرىشنى تۇتۇش، ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشتۈرۈشنى ئىلگىرى سۈرۈش، يۈرۈشتۈرۈشكە كاپالەتلىك قىلىشقا تېخىمۇ ئەھمىيەت بەردۇق. ئەنئەنىۋى كەسىپلەردە يېڭى بىر نۆۋەتلىك مۇھىم، زور تېخنىكا ئۆزگەرتىش قۇرۇلۇشىنى يولغا قويدۇق، نېفىت، نېفىت خىمىيە، سىلىتسىيلىق ماتېرىياللار، ئىلغار جابدۇق ياساش قاتارلىق كەسىپلەرنىڭ تەرەققىياتىنى تېزلەتتۇق، يېڭى ماتېرىيال، يېڭى ئېنېرگىيە، بىيو تېببىي دورا، ئۇچۇر تېخنىكىسى قاتارلىق گۈللىنىۋاتقان ئىستراتېگىيەلىك كەسىپلەرنى پائال يېتىشتۈردۇق، تەرەققىي قىلدۇردۇق، توقۇمىچىلىق، كىيىم ـ كېچەك، ئېلېكترونلۇق مەھسۇلاتلارنى قۇراشتۇرۇش، ئاياغ، باش كىيىم قاتارلىق ئەمگەك كۆچۈملەشكەن كەسىپلەرنى زور كۈچ بىلەن تەرەققىي قىلدۇرۇپ، ئايلانما ئىقتىسادنىڭ تەرەققىياتىنى ئالغا سىلجىتتۇق. بىر تۈركۈم يۇقىرى، يېڭى تېخنىكىلىق تۈرلەر پۈتۈپ ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشتى، چوڭ تىپتىكى نېفىتلىك قاتارلىق بىر تۈركۈم مۇھىم، زور ئېنېرگىيە تۈر قۇرۇلۇشى تېزلىتىلدى. سانائەت ئىشلەپچىقىرىشى پۇختا قەدەم بىلەن قايتا جانلىنىپ، ئىشلەپچىقىرىش بىلەن سېتىشنى جىپسىلاشتۇرۇش ياخشى بولدى، سانائەت مەھسۇلاتلىرى ئېكسپورتى تېز ئاشتى، مۆلچەرىمىزچە، پۈتۈن بىر يىلدا سانائەت سېلىنمىسى 9% ئاشتى، كۆلەمدىن يۇقىرى سانائەت كارخانىلىرىنىڭ قوشۇلما قىممىتى 5% ئەتراپىدا ئاشتى.

مۇلازىمەتچىلىكنىڭ تېز تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولدۇق. شىنجاڭنى ساياھەت ئارقىلىق گۈللەندۈرۈش ئىستراتېگىيەسىنى چوڭقۇر يولغا قويۇپ، پۈتۈن دائىرىلىك ساياھەت تەرەققىياتىنى زور كۈچ بىلەن ئالغا سىلجىتىپ، مەدەنىيەت بىلەن ساياھەتنىڭ چوڭقۇر يۇغۇرۇلۇشىغا پائال تۈرتكە بولۇپ، «ئۈچ قىيىن بولۇش، بىر راۋان بولماسلىق» قاتارلىق توسالغۇ مەسىلىلىرىنى كۈچەپ ھەل قىلدۇق. قار ـ مۇز ساياھىتى، ئۆز ئاپتوموبىللىق ساياھەت، تۆۋەن بوشلۇق ساياھىتى، ئارام ساياھىتى، پۇقراۋى قونالغۇ ساياھىتى قاتارلىقلار تېز تەرەققىي قىلدى. پامىر ساياھەت رايونىنىڭ دەرىجىسى دۆلەتنىڭ 5A دەرىجىلىك مەنزىرە رايونىغا ئۆستۈرۈلدى. سودا ئەشيا ئوبوروتى، ئېلېكترونلۇق سودا، باللارنى تەربىيەلەش ـ ياشانغانلارنى كۈتۈش، مەدەنىيەت ـ تەنتەربىيە، ئارام ئېلىش ـ كۆڭۈل ئېچىش قاتارلىق مۇلازىمەت كەسىپلىرىنى زور كۈچ بىلەن تەرەققىي قىلدۇردۇق، كېچىلىك ئىقتىسادنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈردۇق، سودا ئەشيا ئوبوروتى مەركىزى ۋە ئەشيا ئوبوروتى باغچە رايونى قۇرۇلۇشىنى تېزلەتتۇق، توردا مال سېتىۋېلىش، كېچىلىك ئىقتىساد قاتارلىق ئىستېمال يېڭى كەسىپ ھالەتلىرى جۇش ئۇرۇپ راۋاجلاندى، يېشىل، ئەقلىي ئىستېمال تېز ئاشتى. ناھىيە دەرىجىلىك 47 ئېلېكترونلۇق سودا ئاممىۋى مۇلازىمەت مەركىزى ۋە ئەشيا ئوبوروتى تەقسىملەش ـ يەتكۈزۈش مەركىزى، 3000 يېزا ـ كەنت ئېلېكترونلۇق سودا مۇلازىمەت پونكىتى، نۇقتىسى قۇرۇلدى، يەرلىك ئېلېكترونلۇق سودا كارخانىسى 1000 دىن ئاشتى.

**3) نامراتلىقتىن دەل جايىدا قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش جېڭىنى سىجىل ياخشى قىلدۇق**

دىققەتنى ئېغىر نامراتلىققا مەركەزلەشتۈرۈپ، «ئىككىدىن غەم قىلدۇرماسلىق، ئۈچتە كاپالەتلەندۈرۈش»نى چىڭ تۇتۇپ، «يەتتە بىر تۈركۈم» «ئۈچتە سالماقنى زورايتىش»نى پۇختا ئالغا سىلجىتتۇق، نامراتلارنى مەخسۇس تۈر ئارقىلىق يۆلەش، نامراتلارنى ساھە ئارقىلىق يۆلەش، نامراتلارنى جەمئىيەت ئارقىلىق يۆلەش، نامراتلارنى شىنجاڭغا ياردەم بېرىش خىزمىتى ئارقىلىق يۆلەشتەك «تۆت بىر گەۋدە» نامراتلارنى يۆلەش چوڭ ئەندىزىسى مۇستەھكەملىنىپ ۋە راۋاجلىنىپ، مالىيەدىن 37 مىليارد 567 مىليون يۈەن نامراتلارنى يۆلەش مەبلىغى ئورۇنلاشتۇردۇق. پۈتۈن ئاپتونوم رايونىمىزدىكى 14 ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەر ۋە 95 ناھىيە، شەھەر، رايوننى قاپلىغان نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش چوڭ سانلىق مەلۇمات سۇپىسى قۇرۇپ چىقىلىپ، يۆلىنىدىغان نامرات ئوبيېكتلار دەل جايىدا ھەرىكەتچان باشقۇرۇلۇپ، قايتا نامراتلاشقان ئاھالە ۋە يېڭىدىن نامراتلاشقان ئاھالىگە ئۆز ۋاقتىدا ياردەم بېرىلدى. مەركەز نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش بويىچە مەخسۇس كۆزەتكەندە ئوتتۇرىغا قويغان تۈزىتىش پىكرىنى قەتئىي ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، مەسىلىلەرنىڭ ھەممىسىنى ئۈزۈل ـ كېسىل تۈگىتىش، جايىدا تۈگىتىش، قايتا كۆرۈلمەسلىككە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلدۇق. ئىچىملىك سۇ بىخەتەرلىكى ۋە تۇرالغۇ بىخەتەرلىكىدىكى كەمتۈكلۈكنى كۈچەپ تولۇقلاپ، 13 ـ بەش يىللىق يىرىك پىلان مەزگىلىدىكى نامراتلارنى باشقا جايغا كۆچۈرۈش ئارقىلىق يۆلەش بويىچە ئۆي قۇرۇلۇش ۋەزىپىسىنى مۇددەتتىن بىر يىل بۇرۇن تاماملىدۇق، 40 مىڭ 146 ئائىلىلىك 169 مىڭ 400 كىشى خۇشال ـ خۇرام يېڭى ئۆيگە كۆچۈپ كىردى؛ يېزىلارنىڭ ئىچىملىك سۇ بىخەتەرلىكى بويىچە مۇستەھكەملەش، ئۆستۈرۈش قۇرۇلۇشىنى تېزلىتىپ، 346 مىڭ نامرات ئاھالىنىڭ ئىچىملىك سۇ بىخەتەرلىكى مەسىلىسىنى ھەل قىلدۇق؛ خەتەرلىك ئۆيلەرنى ئۆزگەرتىش قۇرۇلۇشىنى زور كۈچ بىلەن يولغا قويدۇق، قېپقالغان 9355 نامرات ئائىلىنىڭ بىخەتەر تۇرالغۇسى تولۇق پۈتۈپ، ھەممىسى كۆچۈپ كىرىپ، نامرات ئاھالىنىڭ خەتەرلىك ئۆيلەردە ئولتۇرۇش تارىخىغا ئۈزۈل ـ كېسىل خاتىمە بېرىلدى!

**4) ئۇل ئەسلىھە قۇرۇلۇشىنى تېز ئالغا سىلجىتتۇق**

سېلىنمىنى، بولۇپمۇ ئۇل ئەسلىھە قۇرۇلۇشىنى ئىقتىسادنى ئاشۇرۇشقا تۈرتكە بولىدىغان مۇھىم تۇتقا قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، ئاچقۇچلۇق ساھەلەرگە ۋە ئاجىز ھالقىلارغا مەبلەغ سېلىش سالمىقىنى ئۈزلۈكسىز زورايتىپ، قاتناش، سۇچىلىق، ئېنېرگىيە، خەۋەرلىشىش، شەھەر ـ بازار قاتارلىق ساھەلەرنىڭ ئۇل ئەسلىھە قۇرۇلۇشىنى ئالغا سىلجىتتۇق. ئۈرۈمچى مېترو 1 ـ لىنىيەسى، قاراماي ـ چۆچەك تۆمۈريولى، ئۈرۈمچى ـ كۈيتۇن ۋە داخۇاڭشەن ـ ئۈرۈمچى يۇقىرى سۈرئەتلىك تاشيولىنى سەككىز يوللۇق قىلىپ ئۆزگەرتىش ـ كېڭەيتىش قۇرۇلۇشى، شەرقىي جۇڭغار ـ شەرقىي جۇڭگو (جەنۇبىي ئەنخۇي) 1100± كىلوۋولتلۇق ئالاھىدە يۇقىرى بېسىملىق تۇراقلىق توك يەتكۈزۈش قۇرۇلۇشى، چىرا ناھىيەسى نۇرسۇ ئامبىرى قاتارلىق بىر تۈركۈم نۇقتىلىق تۈرلەر پۈتۈپ ئىشقا كىرىشتۈرۈلدى. ئۈرۈمچى ئايرودرومىنى ئۆزگەرتىش ـ كېڭەيتىش قۇرۇلۇشى، كىرىيە ئايرودرومى، ئۈرۈمچى ـ لوپنۇر يۇقىرى سۈرئەتلىك تاشيولى، خوشۇت ناھىيەسى بېسىن ئاممۇن سۇ ئامبىرى، تۇرپان ـ باينغولىن ـ كۇچا II قايتما 750 كىلوۋولتلۇق توك يەتكۈزۈش ـ توك بېسىمىنى ئۆزگەرتىش قۇرۇلۇشى قاتارلىق بىر تۈركۈم نۇقتىلىق تۈرلەردە ئىش باشلاندى. كورلا ـ گولمۇد تۆمۈريولى، خوتەن ـ چاقىلىق تۆمۈريولى، چوڭسۇلاغ سۇچىلىق تۈگۈنى قاتارلىق بىر تۈركۈم داۋاملاشما نۇقتىلىق تۈرلەر قۇرۇلۇشى تېزلىتىلدى. غۇلجا ـ ئاقسۇ تۆمۈريولى قاتارلىق تۈرلەرنىڭ ئالدىنقى قارارلىق خىزمەتلىرى پائال ئالغا سىلجىتىلدى. قەشقەر ـ قاراقاش يۇقىرى سۈرئەتلىك تاشيولى، قاراماي ـ چۆچەك تۆمۈريولى ھەم بىر تۈركۈم يېڭى ئايرودروملارنىڭ پۈتۈپ ئىشقا كىرىشتۈرۈلۈشىگە ئەگىشىپ، پۈتۈن ئاپتونوم رايوندىكى بارلىق ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرلەر يۇقىرى سۈرئەتلىك تاشيول دەۋرىگە كىردى، تۆمۈريوللارنى ئۆزئارا تۇتاشتۇرۇش ئىشقا ئاشۇرۇلدى، 56 تارماق لىنىيە ئۆزئارا تۇتاشقان ئاۋىياتسىيە لىنىيەسى ئومۇميۈزلۈك ئېچىلدى، «شىنجاڭ ئىچىدە ئايلىنىپ تۇتاشقان بولۇش، شىنجاڭغا كىرىش ـ چىقىش تېز بولۇش» نىشانىدا مۇھىم، زور ئىلگىرىلەشنى قولغا كەلتۈردۇق! بولۇپمۇ، بىر يىل ئىچىدە 9 ئايرودرومدا تەڭ ئىش باشلىنىپ، قۇرۇلۇش سالمىقى مىسلىسىز ئاشۇرۇلۇپ، شىنجاڭنىڭ ئاۋىياتسىيە تەرەققىياتىدا يېڭى ۋەزىيەت يارىتىلدى؛ تارىم ئويمانلىقىنى ئايلانغان مارالبېشى ـ يەكەن، قەشقەر ـ يەكەن، يەكەن ـ خوتەن قاتارلىق 750 كىلوۋولتلۇق توك يەتكۈزۈش ـ بېسىم ئۆزگەرتىش قۇرۇلۇشى پۈتۈپ ئىشقا كىرىشتۈرۈلۈپ، خوتەن، قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ توك بىلەن تەمىنلەش جىددىي بولۇش مەسىلىسى ئۈنۈملۈك ھەل قىلىندى؛ ئاراتاش سۇچىلىق تۈگۈنىدە تاقاق چۈشۈرۈپ سۇ تىزگىنلىنىپ، يەكەن دەرياسىدا مىڭ يىللاردىن بۇيان داۋاملىشىپ كەلگەن سۇ ئاپىتى خەۋپى تەلتۆكۈس تۈگىتىلدى!

**5) ئىسلاھاتنى ئۈزلۈكسىز چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، ئېچىۋېتىشنى كېڭەيتتۇق**

نۇقتىلىق ساھەلەر ئىسلاھاتىنى تېز ئالغا سىلجىتتۇق. تەمىنات تەرەپلىك قۇرۇلمىلىق ئىسلاھاتنى زور كۈچ بىلەن ئالغا سىلجىتتۇق، «ئۈچنى تۈگىتىش، بىرنى تۆۋەنلىتىش، بىرنى تولۇقلاش»نى سىجىل ئالغا سىلجىتىپ، ئوشۇقچە ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارىنى تۈگىتىش نەتىجىلىرىنى مۇستەھكەملىدۇق، كارخانىلارنىڭ ئېنېرگىيەدىن پايدىلىنىش، ئەشيا ئوبوروتى قىلىش، تۈزۈم خاراكتېرلىك سودا قىلىش چىقىملىرىدىكى تەننەرخىنى تۆۋەنلەتتۇق. «بېرىش، باشقۇرۇش، مۇلازىمەت قىلىش» ئىسلاھاتىنى چوڭقۇر ئالغا سىلجىتىپ، 94 تۈرلۈك مەمۇرىيەت ئىسلاھاتىنى ئومۇميۈزلۈك ئالغا سىلجىتىپ، تىجارەت ـ سودا مۇھىتىنى ئەلالاشتۇرۇش، دەرىجىسىنى ئۆستۈرۈشكە دائىر ئون چوڭ ھەرىكەت لايىھەسىنى ئەستايىدىل ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، «26 خىل كىنىشكىنى بىرلەشتۈرۈش»نى يولغا قويدۇق، كارخانا قۇرۇش، قۇرۇلۇش قىلىش ئىجازىتى ئېلىش، ئېلېكتر ئېنېرگىيەسىگە ئېرىشىش، مۈلۈك ھوقۇقىنى تىزىملىتىش، سانائەت مەھسۇلاتلىرىنى ئىشلەپچىقىرىش ئىجازەتنامىسى ئېلىش قاتارلىقلارنى بېجىرىش ۋاقتى كۆرۈنەرلىك قىسقاردى. ئاپتونوم رايوننىڭ بىر گەۋدىلەشكەن تور مەمۇرىيەت مۇلازىمىتى سۇپىسىنى رەسمىي ئىشقا كىرىشتۈرۈپ، مەمۇرىيەت مۇلازىمىتىنىڭ پۈتۈن تەرتىپىنى توردا بېجىرىشنى ئىشقا ئاشۇردۇق. دۆلەت مۈلكى، دۆلەت كارخانىلىرى ئىسلاھاتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، دۆلەت مۈلكىنى نازارەت قىلىش ـ باشقۇرۇش تۈزۈلمە ـ مېخانىزمىنى تەدرىجىي مۇكەممەللەشتۈرۈپ، دۆلەت كاپىتالى سېلىنما تىجارىتىنى نۇقتىدا سىناق قىلىشنى مۇقىم ئالغا سىلجىتىپ، «ئۈچ تەمىنلەش، بىر باشقۇرۇش»نى ئۆتكۈزۈپ بېرىشنى ئاساسىي جەھەتتىن تاماملىدۇق. شىنجاڭ قاتناش سېلىنما گۇرۇھى، سۇچىلىق سېلىنما گۇرۇھى، ساياھەت سېلىنما گۇرۇھى، گېنىۋ ـ قىزىلما بايلىق گۇرۇھى قاتارلىق بىر تۈركۈم دۆلەت كارخانا گۇرۇھلىرىنى تەشكىللەپ قۇرۇشنى تاماملاپ، ئارىلاشما مۈلۈكچىلىك تۈزۈمى ئىسلاھاتىنى پائال، پۇختا ئالغا سىلجىتتۇق. پۇقراۋى ئىگىلىكنىڭ تەرەققىياتىنى زور كۈچ بىلەن قوللاپ، پۇقراۋى كارخانىلارنىڭ بازارغا باراۋەر كىرىش سىياسەتلىرىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، قاتناش، سۇچىلىق قاتارلىق 13 نۇقتىلىق ساھەدىكى 46 تۈرنى ئىجتىمائىي كاپىتالغا تەۋسىيە قىلدۇق. ھۆكۈمەت تارماقلىرى، دۆلەت كارخانىلىرى نېسى قالدۇرغان پۇقراۋى كارخانىلارنىڭ 18 مىليارد 330 مىليون يۈەن پۇلىنى ئېنىقلاپ بىر تەرەپ قىلدۇق. يېزا كوللېكتىپ مۈلۈك ھوقۇقى تۈزۈمى ئىسلاھاتى، كوللېكتىپ ئورمان ھوقۇقى تۈزۈم ئىسلاھاتى، يېزا ئىگىلىكى سۇ باھاسى ئۇنىۋېرسال ئىسلاھاتى، بۇغداينى سېتىۋېلىش ـ ساقلاش تۈزۈمى ئىسلاھاتى، پاختا نىشانلىق باھا ئىسلاھاتى، ئۇنىۋېرسال مەمۇرىي قانۇن ئىجرا قىلىش ئىسلاھاتى، ھەقلىق تاشيول تۈزۈلمە ئىسلاھاتى، ئېلېكتر ئېنېرگىيەسى تۈزۈلمە ئىسلاھاتى، دەرىجىگە ئايرىپ دىياگنوز قويۇپ داۋالاش تۈزۈمى ۋە ھۆكۈمەت دوختۇرخانىلىرى ئۇنىۋېرسال ئىسلاھاتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، بازارلاشقان باھا ئىسلاھاتىنى چوڭقۇر ئالغا سىلجىتتۇق.

يىپەك يولى ئىقتىساد بەلبېغى يادرولۇق رايونى قۇرۇلۇشىنى تېز ئالغا سىلجىتتۇق. ئۈرۈمچى خەلقئارا قۇرۇقلۇق پورتى رايونى، ئايرودروم ئەتراپى ئىقتىساد ئۈلگە رايونى، ئۇنىۋېرسال باجدىن خالىي رايون قۇرۇلۇشىنى زور كۈچ بىلەن ئالغا سىلجىتىپ، قۇرۇقلۇق پورتى رايونىنىڭ «مال توپلاش، كەسىپلەر باغچە رايونى قۇرۇش، كەسىپلەرنى جۇغلاش» ئىقتىدارىنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈردۇق. شىنجاڭ جۇڭگو ـ ياۋروپا نۆۋەتچى پويىزى 1102 قېتىم قاتناپ، ئوخشاش مەزگىلدىكىدىن 10% ئاشتى. شىنجاڭ جۇڭگو ـ ياۋروپا نۆۋەتچى پويىزىنىڭ «يىغىپ قاچىلاش ـ يىغىپ توشۇش» ئەندىزىسى پۈتۈن مەملىكەت بويىچە كېڭەيتىلدى. قورغاس، قەشقەر ئىقتىسادىي تەرەققىيات رايونىنىڭ ئۇل ئەسلىھەسىنى ئۈزلۈكسىز مۇكەممەللەشتۈرۈپ، كەسىپلەرنى جۇغلاش ئىقتىدارىنى مۇقىم ئۆستۈردۇق. «بەش چوڭ مەركەز» قۇرۇلۇشىدا يېڭى ئىلگىرىلەشنى قولغا كەلتۈرۈپ، پورت ئىقتىساد بەلبېغى قۇرۇلۇشىدا يېڭى قەدەم باستۇق. تاموژنىدىن ئۆتكۈزۈشنى قولايلاشتۇرۇش سەۋىيەسى يەنىمۇ ئۆسۈپ، ئېكسپورت ماللىرىنى تاموژنىدىن ئۆتكۈزۈش ۋاقتى پۈتۈن مەملىكەتنىڭ ئوخشاش مەزگىلدىكىدىن 3.69 سائەت تېزلەشتى. يىپەك يولى ئىقتىساد بەلبېغى يېڭىلىق يارىتىش ئارقىلىق تەرەققىياتقا تۈرتكە بولۇش سىناق رايونى ۋە ئۈرۈمچى ـ سانجى ـ شىخەنزە دۆلەت ئۆز ئالدىغا يېڭىلىق يارىتىش ئۈلگە رايونىنى ۋاستە قىلىپ، 20 تۈرلۈك پەن ـ تېخنىكىدا يېڭىلىق يارىتىش سىنىقى قىلىپ، پەن ـ تېخنىكىدا يېڭىلىق يارىتىش بىلەن ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي تەرەققىياتنىڭ چوڭقۇر يۇغۇرۇلۇشىغا تۈرتكە بولدۇق. «بىر بەلباغ، بىر يول» لىنىيەسىدىكى دۆلەتلەر بىلەن بولغان ئىقتىساد ـ سودا ھەمكارلىقىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ،

(ئاخىرى 4 ـ بەتتە)